# يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولغانلار غەلىبە قىلىدۇ، ئىرادىدىن سىپىل ھاسىل قىلغانلار يېڭىدۇ.

يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پارتلىغاندىن بۇيان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى دۆلىتىمىزدە يۈزبەرگەن تارقىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز، يۇقۇملىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، 1 مىليارد 400 مىليون كىشى ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە ئۆزلۈك - كېسەل غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىدى.

## بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم قىلىش

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ۋۇخەننى «قامال قىلىش بىكار قىلىنىپ» ئون كۈن ئۆتتى. كەچ سائەت 7دە، پويىز باشلىقى شىن جيالى ۋۇخەندىن لوخېغا قاتنىغان G554 قېتىملىق يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزغا چىقتى. 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋۇخەن ۋۇخەندىن چىقىدىغان يولنى تاقىغان كۈنى ئۇنىڭ ئولتۇرغىنى دەل مۇشۇ قېتىملىق پويىز ئىدى.

شىن جيالىنىڭ پويىزدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا بەتتە يىل بولدى، ھەر يىلى چاغانلىق توشۇشتا، ئۇ لىق تولغان ۋاگونغا قاراپ، يولۇچىلارنىڭ يۇرتىغا قايتىش سەپىرىدىكى خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولاتتى. لېكىن بۇ يىل، ئۇ تۇنجى قېتىم ئادەم يوق قۇپقۇرۇق ۋوگزالغا يۈزلەندى.

«گەرچە 70 نەچچە كۈن ئادەتتىكى يولۇچىلار يولغا چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋۇخەن ۋوگزالىنىڭ يۈرۈشلۈشى ئەزەلدىن توختاپ باقمىدى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن خادىملار، ماددىي ئەشيالار ئۈزۈلمەي ۋۇخەنگە توپلاندى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى خۇبېي، ۋۇخەن خەلقى بىلەن بىللە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى بىرلىكتە قىلدى» دېدى شىن جيالى.

يۇقۇم تۇيۇقسىز تارقىلىپ، خۇبېينىڭ كۆپ جايلىرىدا ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان كېسەللەرنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، داۋالاش بايلىقى كەمچىل بولۇپ، قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرى جىددىي لازىم بولدى!

ئاچقۇچلۇق پەيتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جىددىي ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، يۇقۇم ئەھۋالى، ئادەم كۈچى بايلىقى زاپىسى ھەم ياردەم بېرىلگۈچى جايدىكى شەھەرلەردە داۋالاش بايلىقى كەمچىل بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ، 19 ئۆلكىنىڭ خۇبېي ئۆلكىسىدىكى ۋۇخەن شەھىرىدىن باشقا 16 شەھەر، ئوبلاست ھەم ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرگە نىشانلىق ياردەم بېرىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇردى.

1 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، دۆلەتنىڭ داۋالاش ئەترىتى ۋۇخەنگە ياردەمگە ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قۇرۇقلۇق، ئاۋىياتسىيە چوڭ يوللىرىمۇ يۇقىرى سۈرئەتتە يۈرۈشۈپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ قىلىشنى خاتىرىلىگەن جانلىق كۆرۈنۈشلەرگە ئايلاندى.

چاغاننىڭ 1 - كۈنى، جىجياڭ، جياڭسۇ ئۆلكىسىدىن تۇنجى تۈركۈمدە خۇبېيغا ياردەمگە ماڭغان داۋالاش ئەترىتىدىكى 300گە يېقىن كىشىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ ۋۇخەنگە ياردەمگە بېرىشقا توغرا كەلدى، دۆلەت تۆمۈريول گۇرۇھى دەرھال داۋالاش ئەترىتىدىكىلەرنى خاڭجوۋ، نەنجىڭدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ خېفېيغا بارغاندا ئۇچرىشىش، ئاندىن پويىز ئالمىشىپ ۋۇخەنگە بېرىشقا ئورۇنلاشتۇردى. خېفېي جەنۇبىي ۋوگزالدا پويىز ئالماشقاندا، 52 تۆمۈريول كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى كۆتۈۋېلىش گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، داۋالاش ئەترىتى پويىزدا ئېلىپ ماڭغان 12 تونىنا داۋالاش بۇيۇمىنى ۋاقتىدا يۆتكەپ، 40 مىنۇت ئىچىدە پويىز ئالمىشىش خىزمىتىنى تاماملىدى.

يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز ۋۇخەن ۋوگزالى تىببىي خادىملار، داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ئەڭ كۆپ توپلىنىدىغان جاي بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 1/3 قىسمىدىن ئارتۇق تىببىي خادىم، داۋالاش ماددىي ئەشياسى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول ئارقىلىق ۋۇخەن ۋوگزالىغا توشۇپ كېلىنىپ، ئاندىن ھەرقايسى چوڭ دوختۇرخانىلارغا يەتكۈزۈلدى.

كومپارتىيە ئەزاسى، نۆۋەتچى ۋوگزال باشلىقى جيا چىڭچىڭ ۋەكىللىكىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولنىڭ 33 يولۇچى توشۇش خادىمىدىن تەشكىللەنگەن «باشلامچى ياۋا غاز» پارتىيە ئەزالىرى زەربىدارلار ئەترىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەركۈنى ئون نەچچە قېتىملىق يولۇچىلار پويىزىنى كۈتۈۋالدى، داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىدىن 500 نەچچە يەشىكنى يۆتكەپ توشۇدى، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر كۈندە 22 قېتىملىق پويىزنى كۈتۈۋالدى.

ۋۇخەندىن چىقىدىغان يول 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن باشلاپ تا 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋاقىتلىق تاقالدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول جەمئىي تەخمىنەن 400 تۈركۈمدىكى تەخمىنەن 12 مىڭ خۇبېيغا ياردەم بەرگۈچى تىببىي خادىم ھەم قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش خادىمىنى توشۇدى؛ خۇبېي ۋە ۋۇخەن رايونىغا جەمئىي توشۇپ يۆتكىگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ماددىي ئەشياسى 300 مىڭ توننىدىن ئاشتى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتە، ۋۇخەن تيەنخې ئايروپورتىنىڭ يولغا چىقىش چوڭ زالىدا «ۋەتىنىمنى كۆيلەيمەن» دېگەن ناخشا قايتا ياڭرىدى.

ئەڭ ئاخىرقى تۈركۈمدە چېكىنگەن دۆلەتنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ئەترىتى — بېيجىڭ شيېخې دوختۇرخانىسى داۋالاش ئەترىتىدىكى تەخمىنەن 180 كىشى 80 نەچچە كۈنلۈك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، بۇ يەردىن بېيجىڭغا قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

1 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن باشلاپ، بېيجىڭ شيېخې دوختۇرخانىسىنىڭ داۋالاش ئەترىتى كەينى - كەينىدىن ۋۇخەنگە يېتىپ كېلىپ، تۇڭجى دوختۇرخانىسىنىڭ جۇڭفا شىنچېڭ دوختۇرخانا رايونىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، جۇڭفا شىنچېڭ دوختۇرخانا رايونىنىڭ C9 كېسەلخانا رايونى رەسمىي تاقالدى. 109 ئېغىر ئاغرىق، خەتەرلىك ئېغىر ئاغرىق قايتىدىن ھاياتلىق ئۈمىدىگە ئېرىشتى.

يۇقۇم غالجىرلاشتى، ئەمما ئاۋىياتسىيە چوڭ يولى ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمىدى، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، كېچە - كۈندۈز داۋاملاشتى.

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە، ۋۇخەن ۋۇخەندىن چىقىدىغان يولنى 70 نەچچە كۈن تاقىدى، جەمئىي 4400دىن ئارتۇق نۆۋەتچى ئايروپىلان بۇ يەردە جىددىي قوندى ۋە ئۇچتى، خۇبېيغا ياردەم بەرگۈچى 36 مىڭ تىببىي خادىم تېز ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلدى، بۇ، 2008 - يىلى ۋېنچۈەندە پەيدا بولغان ئېغىر يەر تەۋرىگەندىكى داۋالاش، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى قوزغىتىشنىڭ كۆلىمى ۋە سۈرئىتىدىن ئېشىپ كەتتى.

تيەنخې ئايروپورتىنىڭ ئۇچۇش كۈندىلىك خاتىرىسىدە، بۇ بىرقانچە پەيت خاتىرىلەنگەن:

— 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ھاۋادىكە ئېلىنغان 41 ئايروپىلان ۋۇخەنگە ياردەم بېرىدىغان 6000غا يېقىن تىببىي خادىمنى توشۇپ، توشۇشقا كاپالەتلىك قىلىش بويىچە داۋالاش ئەترىتى خادىملىرىنى ئەڭ كۆپ كۈتۈۋالغان بىر كۈنى ياراتتى؛

— 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن يۈن - 20 قاتارلىق ئۈچ تىپتىكى 11 ھەربىي ترانسپورت ئايروپىلانى خادىم ۋە ماددىي ئەشيالارنى لىق قاچىلاپ يېتىپ كەلدى، بۇ، ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ترانسپورت ئايروپىلانىنى تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق، چوڭ كۆلەملىك ئىشقا سېلىپ، جىددىي، چوڭ ئاۋىياتسىيە ترانسپورت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشى ھېسابلىنىدۇ؛

— 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ھاۋادىكە ئېلىنغان 51 ئايروپىلان بۇ يەردىن ئۇچۇپ، خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكى 7000دىن ئارتۇق تىببىي خادىمنى قايتۇرۇپ كېلىپ، خەلق ئاۋىياتسىيەسى ئىجرا قىلغان ئەڭ چوڭ كۆلەملىك داۋالاش ئەترىتىنى چېكىندۈرۈش ۋەزىپىسى رېكورتىنى ياراتتى.

ھەرقايسى داۋالاش ئەترەتلىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن تارتىپ تەشكىللەشنى تاماملاشقا كەتكەن ۋاقتى ئومۇمەن ئىككى سائەتتىن ئېشىپ كەتمىدى، يىغىلىپ يولغا چىققاندىن تارتىپ ۋۇخەن، خۇبېيغا يېتىپ بېرىشقا كەتكەن ۋاقتى ئومۇمەن 24 سائەتتىن ئېشىپ كەتمىدى.

«جۇڭگو تەرەپنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى، كۆلىمىنىڭ زورلۇقى دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ، جۇڭگو تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى، ئالاقىدار تەجرىبىلەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ، جۇڭگو قوللانغان تەدبىرلەرنىڭ يۇقۇمنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەيدىغانلىقىغا ھەم ئەڭ ئاخىرىدا يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.» دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى تەن دېسەي چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى.

## قەلبلەر، قوللار تۇتۇشۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش

تۈن پەردىسى يېپىلغان ۋۇخەندە چىراغ نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ باش تېما قىلىنغان «چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى» جياڭچېڭنىڭ «كېچە بولماس ئاسمىنى»نى بارلىققا كەلتۈردى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ ئىسمى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يەنە «سىزنىڭ بولغىنىڭىزدىن مىننەتدارمەن، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭەيلى» دېگەن خەتلەرمۇ چاقنىدى.

خەتەرلىك پەيتتە، ۋۇخەن «يېگانە ئارال» بولۇپ قالمىدى، تېخىمۇ مۇھىمى يالغۇز جەڭ قىلمىدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋۇخەن خەلقى بىلەن بىرلىكتە بۇ يۇرت - ماكانىنى قوغدىماقتا.

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى ئىدى، جۇڭچىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ھەربىي تىببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 2 - دوختۇرخانىدىكى سۇڭ سەيپىڭ سېستىرالارنى تەشكىللەپ كېسەلخانىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، ۋۇخەنگە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى.

«يۇقۇم ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ، ھەربىيلەر جەڭ مەيدانىدا ئاتاكىغا ئۆتۈشى كېرەك!» خەتەرلىك پەيتتە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغاندىن تارتىپ جابدۇنۇپ يولغا چىققۇچە پەقەت تۆت سائەتلا تەييارلىق ۋاقتى بار ئىدى. ئۆزى مەسئۇل بولغان ئاغرىقلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇڭ سەيپىڭ ئالدىراش ئۆيىگە قايتىپ يۈك - تاقلىرىنى تەييارلىدى.

ۋاقىت قىس بولغاچقا، ھەتتا ئۇستىلگە تىزىپ قويۇلغان چاغانلىق تاماققا ئېغىز تېگىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئايرىلىش ئالدىدا، 16 ياشلىق ئوغلى سۇڭ سەيپىڭنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ھەر قېتىم جەڭ مەيدانىغا جىددىي ئاتلىنىشىنىڭ دەل ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە، 450 ئاق خالاتلىق جەڭچى قاپقاراڭغۇ كېچىدە ۋۇخەن تيەنخې ئايروپورتىغا يېتىپ بېرىپ، جىددىي داۋالاش - قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئاتلاندى.

خۇبېيغا بېرىپ كېسەل داۋالاپ، ئاق خالاتنى ساۋۇت قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىق داۋالاش كۈچىنى يۆتكەش شۇنىڭ بىلەن باشلاندى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 340 نەچچە داۋالاش ئەترىتى، 42 مىڭدىن ئارتۇق تىببىي خادىم خۇبېيدىكى «يۇقۇم»غا قارشى جەڭنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلىنىپ، خۇبېيدىكى 500 مىڭدىن ئارتۇق تىببىي خىزمەتچى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلدى، بىرلىكتە يۇقۇم ئالۋاستىسىغا قارشى جەڭ قىلدى.

تۈركۈم - تۈركۈم داۋالاش ئەترىتى خادىملىرىنىڭ ئايروپىلاندىن چۈشكەن چاغدىكى قەتئىيلىككە تولغان كۆزلىرىگە قاراپ، تيەنخې ئايروپورتى يۈرۈشۈش قوماندانلىق مەركىزى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جۈن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ «ۋۇخەن قۇتقۇزۇۋېلىنىدىغان بولدى!» دېدى.

ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر خۇبېيغا بېرىپ كېسەل داۋالاش بىلەن بىللە، كەڭ قورغۇچىلارمۇ تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىرجۈپ قولى ۋە تەرى ئارقىلىق ۋۇخەندىكى «يۇقۇم»غا قارشى جەڭگە كۈچ قوشتى.

چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى كېچىدە، ۋۇخەن شەھىرىنىڭ جياڭشيا رايونىدىكى 43 ياشلىق دېھقان ئىشلەمچى خۇ شياۋخۇڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە چاغانلىق تاماق يەۋاتقانىدى. خوشىنشەن دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇش ئورنىدىن ئىشچىلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا تېلېفون كەلدى، ئۇ چوكىنى تاشلاپلا قۇرۇلۇش ئورنىغا قاراپ يۈگۈردى.

دەل خۇ شياۋخۇڭغا ئوخشاش ئادەتتىكى قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ بوشاشماي كۈرەش قىلىشى بىلەن، چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈندىلا، نېلۇپەر كۆلچىكى، توپا دۆۋىسى بىلەن قاپلانغان 50 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق مەيداننىڭ ھەممىسى تۈزلىنىپ، 150 مىڭ كۇب مېتىر توپا قېزىلدى، بۇ، 57 ئۆلچەملىك سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنى تىندۇرۇشقا يېتىدۇ.

— تەخمىنەن ئون كېچە - كۈندۈزدە خوشىنشەن، لېيشېنشەن دوختۇرخانىسى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى؛

— 29 سائەتتە، تۇنجى تۈركۈمدىكى 4000 كارىۋاتلىق فاڭساڭ دوختۇرخانىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش تاماملىنىپ، ئاغرىقلار قوبۇل قىلىنىپ داۋالاندى؛

— بىر ئاي ئىچىدە، ۋۇخەن شەھىرى 16 فاڭساڭ دوختۇرخانىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ، 86 بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنى ئۆزگەرتىپ، 60 مىڭدىن ئارتۇق كارىۋاتنى يېڭىدىن كۆپەيتتى، بۇ، يېڭىدىن كۆپەيگەن 60تىن ئارتۇق 3 - دەرىجىلىك دوختۇرخانىنىڭ كارىۋات سانىغا باراۋەر...

«ئادەم كارىۋاتنى كۈتۈش»تىن «كارىۋات ئادەمنى كۈتۈش»كە ئۆتۈشتەك مۇھىم، زور ئۆزگىرىش 70 مىڭدىن ئارتۇق قۇرۇلۇش ئىشچىسىنىڭ كېچە - كۈندۈز دېمەي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۈچۈن ھاياتلىق توسۇقى بەرپا قىلغانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ.

قەلبلەر، قوللار تۇتۇشۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇندى، ۋۇخەندىكى ھەربىر ئادەتتىكى كىشى قەھرىمانلارچە قىياپەتتە ياشىدى.

ۋاڭ يۈك، ۋۇخەندىكى بىر ئادەتتىكى «80 - يىللاردا تۇغۇلغان» تېز يەتكۈزۈش خادىمى. يۇقۇم مەزگىلىدە، ئۇ تاسادىپىي ھالدا تىببىي خادىملارنىڭ ئاپتوموبىل ئېھتىياجى ئۈندىدار توپىغا كىرىپ قالدى. توپتا جىنيىنتەن دوختۇرخانىسىدىكى بىر سېستىرانىڭ «ئۆيگە قايتالمىدىم» دەپ ياردەم سورىغىنىنى كۆرگەن ۋاڭ يۈك كېچىچە ئۇخلىيالمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 6دە، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەردىن يوشۇرۇپ، دەل ۋاقتىدا دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

«بۇ ئىشنى قىلىشتىكى ئەسلى مۇددىئايىم ناھايىتى ئاددىي، بىر كۈندە بىر تىببىي خادىمنى ئاپىرىپ ئەكەلسەم، ئۇلارنىڭ تۆت سائەت ۋاقتىنى تېجەپ بېرەلەيمەن، 100نى ئاپىرىپ ئەكەلسەم 400 سائەت بولىدۇ. 400 سائەتتە ئۇلار قانچىلىغان كىشىنى قۇتقۇزالايدۇ - ھە!»

بىر ئادەم ئاپىرىپ - ئەكېلىشتىن تەرەققىي قىلىپ بىر كوللېكتىپقا ئايلاندى، ۋاڭ يۈك پىدائىيلار ئەترىتى تەشكىللىدى، مۇلازىمەت مەزمۇنىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى —

ھەقسىز ئاپىرىپ - ئەكېلىش، مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرىنى ماسلاشتۇرۇش، تۈرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش، تىببىي خادىملارنىڭ غىزالىنىشى ھەمدە كۆزەينەكنى رېمونت قىلىش، يان تېلېفوننى رېمونت قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى ھەل قىلدى...

ئاز - ئازدىن چاقنىغان نۇرلار كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ساما يولىنى شەكىللەندۈردى.

— ۋۇخەن شەھىرى جياڭئەن رايونى خۇيمىنيۈەن مەھەللىسىدىكى دائىرىگە مەسئۇل خادىم فېڭ فېڭ ھەر كۈنى مەھەللىدىكى ئاممىغا دورا سېتىۋالاتتى، نەچچە ئون دورا خالتىسى پۈتۈن بەدىنىگە ئېسىقلىق تۇراتتى؛

— ۋۇخەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شېنلۇڭ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى شياۋ لىجۈن مەھەللىدىكى يالغۇز تۇرۇۋاتقان 64 ياشانغان كىشىنى كۆڭۈل قويۇپ قوغداپ، ھەركۈنى كەچتە يالغۇز تۇرۇۋاتقان ياشانغان كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ زىيارەت قىلدى؛

— ۋۇخەن ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ 46 ياشلىق ئايال مۇھەت تازىلىقى ئىشچىسى جۇ لېيفاڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشنى ئىلتىماس قىلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا شيېخې غەربىي دوختۇرخانىسىغا كىرىپ تازىلىق، دېزىنفېكسىيەلەش خىزمىتىنى ئىشلىدى...

جۈپ - جۈپ قوللار ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ، مېھىر - مۇھەببەتنى كۈچ ئۇلاپ يەتكۈزۈپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ يېڭىلمەس كۈچىنى مۇجەسسەملىدى.

## جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەش

1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، چاغاننىڭ 2 - كۈنى ئىدى. جياڭسۇدىكى يۇرتىدا چاغان ئۆتكۈزۈۋاتقان يۈەن چۇەنۋېي كېچىلەپ زاۋۇتقا قايتىپ، ئۆزى يالغۇز بىر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى «زىممىسى»گە ئالدى.

يۈەن چۇەنۋېي سۇجوۇ يىڭما نازۇك ماشىنىسازلىق شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلى. شىركەت ھېلىلا خۇبېيدىكى دوختۇرخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان دېزىنفېكسىيەلەش ئۈسكۈنىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر تۈركۈم «جەڭ مەيدانى زاكاز تالونى»نى تاپشۇرۇۋالغانىدى، ھالبۇكى ئىشچىلار يۇرتلىرىغا قايتقان بولۇپ، ئۈلگۈرۈپ كېلەلمەيتتى. ئەسلىدە بەش خىزمەتچى ھەمكارلاشقاندىلا ئاندىن تاماملىيالايدىغان ئىش تەرتىپىنى يۈەن چۇەنۋېي قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆزى يالغۇز ئۈستىگە ئالدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون كۈندە، بۇ «بىر ئادەملىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى» ئۇدا ئايلىنىپ، 100 نەچچە يۈرۈش مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى.

يۇقۇم تۇيۇقسىز تارقالدى، بۇ دەل چاغانلىق دەم ئېلىش مەزگىلىگە توغرا كەلدى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەڭ مەيدانىدا ماسكا جىددىي لازىم بولدى! داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇداپىئە كىيىمى يېتىشمىدى! زور مىقداردىكى داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتى يېتىشمىدى!

يۇقۇمنىڭ ئۆزى بۇيرۇق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، جىددىي ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى، نۇقتىلىق ساھە كارخانىلىرى ئىسسىپنا قوشۇپ، ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ ئىشلەپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇردى، مەھسۇلاتنى كېڭەيتتى.

يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولغان بىر مەيدان ئارقا سەپ كاپالىتى جېڭى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى!

بۇ، ۋاقىت بىلەن سۈرئەت تالىشىدىغان، ۋىرۇس بىلەن بەسلىشىدىغان جۇڭگو ئۈنۈمى —

نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى تېزدىن ئورنىتىلىپ، كارخانىلاردا تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن خاس ۋەكىللەر پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتتى؛

دۆلەتنىڭ ۋاقىتلىق يىغىپ ساقلاش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، كۆپ تۈركۈم كارخانا تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىقتىدارنى كېڭەيتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئۆزگەرتىشكە تەشكىللەندى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى نۇقتىلىق كاپالەتلەندۈرىدىغان كارخانىلارغا باج، پۇل مۇئامىلە جەھەتلەردە مەدەت بېرىلىپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ ماس يۈرۈشۈشى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى؛

ئەشيا ئوبوروتىدىكى «توسۇق نۇقتا»نى راۋانلاشتۇرۇش تېزلىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك خام ماتېرىيال ترانسپورتىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ چېگرادىن كىرىشى ئۈچۈن يېشىل يول ئېچىپ بېرىلدى...

2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ماسكىنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، مەھسۇلات مىقدارىدا قوش 100 مىليونلۇق ئۆتكەل بۆسۈپ ئۆتۈلۈپ، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا مەھسۇلات مىقدارى ئون نەچچە ھەسسە ئاشتى. داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان N95 ماسكىنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، مەھسۇلات مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 مىليون 960 مىڭغا، 1 مىليون 660 مىڭغا يەتتى، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇداپىئە كىيىمىنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 8700 قۇردىن بىراقلا كۆپىيىپ 300 مىڭ قۇردىن ئېشىپ كەتتى، بىرىنچى سەپتىكى تىببىي خادىملارنىڭ مۇداپىئە ئېھتىياجى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى.

بۇ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولغان، ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىنغان جۇڭگو كۈچى —

قاتتىق بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرى ئاستىدا، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىغا جەزمەن پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك!

كۆپ تارماق تېز سۈرئەتتە بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تەمىناتىنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئاشۇردى؛ كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلدى؛ يېمەكلىك، كۆكتات، داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىق لازىمەتلىكلەرگە يېشىل يول ئېچىپ، قاتناش «ھاياتلىق لىنىيەسى»گە تىرەك بولدى؛ ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار كارخانىلار خۇبېي ئۆلكىسى، ۋۇخەن شەھىرىنىڭ تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىغا كاپالەتلىك قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىدى...

يۇقۇم چوڭ سىناق ئالدىدا، دۆلىتىمىزنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى، توك، گاز، سۇ، ئىسسىقلىق قاتارلىق ئاساسىي تەمىناتى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولدى، يېمەكلىك، دورا بۇيۇملىرى، ئاساسىي سانائەت بۇيۇملىرى، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلىق ساھەلەر تەرتىپلىك يۈرۈشۈپ، 1 مىليارد 400 مىليون كىشىنىڭ ئاساسىي خەلق تۇرمۇشى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ساقلاندى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)